2020 - يىل 11 - ئاي
18
چارشەنبە
维吾尔文 11 月18日

# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25249 - سان بۈگۈن 4 بەت

## شى جىنپىڭ بىرما مەملىكەتلىك دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ئاۋڭسەن سۇجىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى** 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ بىرما مەملىكەتلىك دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ئاۋڭسەن سۇجىغا خەت ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بىرما مەملىكەتلىك دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا ئۇدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك خېتىدە مۇنداق دېدى: بىرمىنىڭ يېقىندا چوڭ سايلامنى ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدۇم، سىز بىرما مەملىكەتلىك دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا رەھبەرلىك قىلىپ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردىڭىز، مەن سىز ۋە بىرما خەلقىنى سەمىمىي تەبرىكلەيمەن. ئىشىنىمەنكى، سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە بىرما مەملىكەتلىك دېموكراتىيە ئىتتىپاقى چوقۇم دۆلەتنىڭ گۈللىنىپ قۇدرەت تېپىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار ئىشتا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### شى جىنپىڭ مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى كۈچلۈك قانۇنچىلىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

### لى كېچياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ قاتناشتى ۋاڭ خۇنىڭ سۆز قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى** مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈندىن 17 - كۈنگىچە بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى: دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتا پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق سىستېمىسى ئورنىتىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىل دۆلەت قۇرۇش باش نىشانىنى چۆرىدەپ، پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىلىق ساھەسىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، قانۇنچىلىق يولىدا دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك قانۇنچىلىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: شى جىنپىڭنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيەسىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، بايانى چوڭقۇر، لوگىكىسى پۇختا، سىستېمىسى مۇكەممەل بولۇپ، ئۇنىڭدا تارىخ بىلەن رېئاللىقنى تۇتاشتۇرۇش، خەلقئارا بىلەن دۆلەت ئىچىنى باغلاش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتىن يېڭى دەۋردە دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى نېمە ئۈچۈن يولغا قويۇش، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى قانداق يولغا قويۇش قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە چوڭقۇر جاۋاب بېرىلدى. شى جىنپىڭنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيەسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش دەۋر تەلىپىگە ماسلىشىپ ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلگەن مۇھىم، زور نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىسى، ماركسىزملىق قانۇنچىلىق نەزەرىيەسىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ مىزانى ۋە ھەرىكەت كۆرسەتمىسى. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت شى جىنپىڭنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاساسىي روھىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى ئىگىلەپ، خىزمەت تەلىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە شى جىنپىڭنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيەسىنى دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

لى كېچياڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى. ۋاڭ خۇنىڭ خۇلاسە سۆزى قىلدى.

شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەمىز ئەزەلدىن قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ئۇنى «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىغا كىرگۈزۈپ كۈچلۈك ئالغا سىلجىتتى. پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا مەخسۇس تەتقىق قىلىنىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىر قانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



11 - ئاينىڭ 16 - كۈندىن 17 - كۈنگىچە، مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ياڭ شىڭلېي فوتوسى

# شى جىنپىڭ كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 12 - قېتىملىق ئۇچرىشىشىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى

### بەش كىسەك ئالتۇن دۆلىتى كۆپ تەرەپچىلىك، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش، ئېچىۋېتىش، يېڭىلىق يارىتىش، خەلق تۇرمۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ يۇقۇمنى ئورتاق يېڭىپ، قول تۇتۇشۇپ بىر نىيەتتە بولۇپ ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى** كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 12 - قېتىملىق ئۇچرىشىشى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كەچتە سىن شەكلىدە ئۆتكۈزۈلدى. رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن رىياسەتچىلىك قىلدى، جۇڭگونىڭ دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ، ھىندىستان زۇڭلىسى مودى، جەنۇبىي ئافرىقا زۇڭتۇڭى رامافوسا، بىرازىلىيە زۇڭتۇڭى بولسونارو قاتناشتى.

شى جىنپىڭ «ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ يۇقۇمنى ئورتاق يېڭەيلى، قول تۇتۇشۇپ بىر نىيەتتە بولۇپ ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، ئەسىر يۇقۇمى بىلەن 100 يىللىق ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى كېسىشىپ، خەلقئارا ئەندىزىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى 100 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ كەڭ تارقىلىشىنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەكتە، دۇنيا ئىقتىسادى 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى چوڭ كاساتچىلىقتىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر چېكىنىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەكتە. مۇشۇنداق مۇھىم پەيتتە، بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشنى ئۆتكۈزۈش ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز قەتئىي ئىشىنىمىزكى، تىنچلىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت دەۋر باش تېمىسى ئۆزگەرمىدى، دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىدىن ئىبارەت دەۋر ئېقىمىمۇ كەينىگە ياندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بىز خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى كۆزلەپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق گۈزەل دۇنيا قۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، كۆپ تەرەپچىلىكتە چىڭ تۇرۇپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك. كۆپ تەرەپچىلىك بىلەن يەككە تەرەپچىلىك، ئادالەت بىلەن يولسىزلىق ئارىسىدىكى تالاش - تارتىشتا قارىتا، كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قەتئىي قوغداپ، كۆپ تەرەپچىلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىنى قوغدىشى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يادرو قىلىنغان خەلقئارا سىستېمىنى قوغدىشى، خەلقئارا قانۇن ئاساس قىلىنغان خەلقئارا تەرتىپنى قوغدىشى كېرەك. بىر - بىرىنىڭ ئۆز دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن تاللىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمى، ئىقتىساد ئەندىزىسى، تەرەققىيات يولىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. ئورتاق، ئۇنىۋېرسال، ھەمكارلىشىدىغان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل خەۋپسىزلىك قارىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، كېڭىشىش ۋە سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئىختىلاپنى تۈگىتىپ، ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا قارشى تۇرۇپ، يەككە تەرەپلىمىلىك جازالاش ۋە «ھوقۇق تەۋەلىكىدىن ھالقىپ باشقۇرۇش»قا قارشى تۇرۇپ، تىنچ، مۇقىم تەرەققىيات مۇھىتىنى ئورتاق بەرپا قىلىشى كېرەك.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)




11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كەچتە، كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 12 - قېتىملىق ئۇچرىشىشى سىن شەكلىدە ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا ئۇچرىشىشقا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۆرېن فوتوسى

### چېن چۇەنگو دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم كادىرلار سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى

## ئاپتونوم رايوننىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانى توغرىسىدا پىكىر - تەكلىپ ئالدى

### لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم كادىرلار سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، پېشقەدەم رەھبەرلەر، پېشقەدەم يولداشلاردىن ئاپتونوم رايوننىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتى توغرىسىدا پىكىر - تەكلىپ ئېلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىز نۇقتىلىق شەھەر مەمۇرىيىتى ئۇل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىن، پىراكتىكانت **جاڭ بىنبىننىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر مەمۇرىيىتى ئۇل ئەسلىھەلىرى نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، شەھەر مەمۇرىيىتى ئۇل ئەسلىھەلىرىدىكى كەمتۈكلۈكنى كۈچەپ تولۇقلىغان.

ئالدىنقى ئون ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى ئۇل ئەسلىھەلىرى نۇقتىلىق داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە جەمئىي 36 مىليارد 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، پۈتۈن يىللىق مەبلەغ سېلىش پىلانىنىڭ 92%تىن كۆپرەكى ئورۇندالدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)